ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى

新疆大學學報
JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

2014
哲学社会科学维吾尔文版

2

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە -ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
35 - يىللىق 2 - سان(ئومۇمىي 138 - سان) 2014 - يىلى 6 - ئاي

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

يۇسۇپ خاس هاجىپ بىلەن فرېنسىس بېكوننىڭ بىلىش نەزەرىيەسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە.......... تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا(1)
تۈركلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى توغرىسىدا.......... ئەركىن توختى(8)
شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەھەرلىشىشى توغرىسىدا تەتقىقات.......... ماھىرە ئابلىز(19)
ھازىرقى زامان تاتار مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا.......... كامىل كۇرمايېۋ(27)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئاز سانلىق مىللەت سىياسىي نەزەرىيە دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل.......... گۈلىستان ياسىن، ئابلىز ساۋۇت(35)
يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ باشقۇرۇش ئىدىيەسى ئۈستىدە مۇلاھىزە.......... ياسىنجان ئابدۇگۇل، جۇ شىنۋۇ(44)
ئۇيغۇرلاردا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى..........ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق (50)

## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

خەنزۇچە - قەدىمكى تۈركچە «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» ئۈستىدە يېڭى تەتقىقات.......... ئەركىن ئارىز، ئەرخان ئايدىن(65)
چىگىلەك ۋە ئۇنىڭ قىممىتى توغرىسىدا..........ئەكرەم سەمەت(80)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

فېمىنىزملىق ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ھەققىدە.......... ئەخمەت سەيدۇللا(86)
«كىرورانلىق بالىلار» رومانىدىكى ئەڭگۈشتەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدا.......... بۇلبۇل ئەكرەم (94)
كىلاسسىك شېئىرىي شەكىللەرنىڭ ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرىدىكى ئىپادىلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە..........خەيرىنگۈل ياقۇپ(106)
ئەھمەد زىيائىي شېئىرلىرىنىڭ ۋەزنى توغرىسىدا مۇلاھىزە.......... ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ(111)
مەشرەب شېئىرلىرىدىكى «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» قارىشى..........نۇرىمانگۈل ئۆمەر (118)
ئۇيغۇر رومانلىرىنىڭ ماۋزۇسىدىكى ئالاھىدىلىكلەر.......... پاتىگۈل غوپۇر، مۇكەررەم ئابدۇقادىر(122)

## كۇتۇپخانىچىلىق تەتقىقاتى

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان كۇتۇپخانا تەربىيەسى ھەققىدە..........گۈلجەننەت ئۆمەر(129)
كۇتۇپخانىلارنى ھەقسىزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى شارائىتىدا ئوقۇرمەنلەرنى كۆپلەپ جەلپ قىلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە.......... مۇنەۋۋەر قۇربان(136)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېترى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2014-2

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）
第35卷第2期（总138期） 2014年6月

# 目　录

## 西域文化研究

玉素普.哈斯.阿吉普和费朗西斯.培根的认识论比较分析……………… 吐尔逊托合提·阿塔吾拉(1)
论突厥人的法律制度……………………………………………………………艾尔肯·托合提(8)
北疆的城市化研究……………………………………………………………… 玛依拉·阿布力孜(19)
现代塔塔尔族的形成………………………………………………………卡米力·库尔马尤夫(27)

## 政治、经济与管理学研究

新疆高校少数民族思想政治理论课教师教学状况调查与分析……………………………………
……………………………………………………………古力斯坦·亚生，阿布力孜·沙吾提(35)
简析尤素甫.哈斯.哈吉普的管理思想 ……………………………亚森江·阿布都古丽，朱新武(44)
维吾尔族与生态文明……………………………………………………………阿布力米提·买买提(50)

## 语言与文化研究

回鹘葛啜王子碑铭研究…………… ………………………………………………艾尔肯.阿热孜(65)
奇戈莱克(罗布麻)和它的多种价值……………………………………………艾克来木·赛买提(80)

## 文学研究

试论女性主义文学批评及其发展过程…………………………………………艾合买提·赛都拉(86)
论儿童长篇小说《楼兰古国的奇幻之旅》中的法宝及其价值……………………布力布力·艾克热木(94)
古典诗歌形式在双语诗人阿不都克里木.霍加诗歌创作中的具体表现…………………………………
……………………………………………………………………………海日古丽·牙合甫(106)
论阿合买德·孜亚伊诗歌的格律……………………………………………………阿拉法特·艾山(111)
论巴巴热依木麦西来甫诗歌中的“万物非主，唯有真主”观点……………努热曼古丽·艾麦尔(118)
维吾尔长篇小说的标题风格…………………………帕提古力·吾甫，穆开热姆·阿布都开德尔(122)

## 图书馆研究

高校图书馆新生入馆教育的必要性……………………………………………古力加那提·吾买尔(129)
浅谈免费开放环境下公共图书馆读者数量提升的基本途径……………………………米那瓦·库尔班(136)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2014-1

يىللىق 2-سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 35 卷第 2 期
يىلى 6-ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2014 年 6 月
نومۇرى: 1005-5878 (2014) 02-065-15

# خەنزۇچە - قەدىمكى تۈركچە «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» ئۈستىدە يېڭى تەتقىقات*

ئەركىن ئارىز، ئەرخان ئايدىن
(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ. 100081)
(تۈركىيە ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتى، قەيسەرى. 342712)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە 2012-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېلىمىزنىڭ شىئەن شەھىرىدىن بايقالغان خەنزۇچە- قەدىمكى تۈركچە ئىككى تىلدا ئويۇلغان «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» فىلولوگىيەلىك مېتود بويىچە تەتقىق قىلىنىدۇ ۋە شۇ ئاساستا قەبرە تېشىدىكى خەنزۇچە ۋە قەدىمكى تۈركچە تېكىستلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى بېرىلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: قارىچور تېكىن؛ قەبرە تېشى پۈتۈكى؛ تەتقىقات

摘要：2012 年底在我国西安市发现了一方唐代汉文古突厥文双语墓志，学术界命名为《葛啜墓志》。本文从语文学的角度研究了该墓志古突厥文部分并在此基础上进行了现代维吾尔文释译。

关键词：葛啜；墓志；研究

**Abstract:** By the end of 2012, an ancient epigraph which was written in both ancient Turkic and Tang dynasty's Chinese had been found in Xi'an and had been named as "Karichortigin and Epigraph". This paper studies Turkic part of this very epigraph from the aspect of literature, and explains it in Modern Uyghur language.

**Keywords**: Karichortigin; Epigraph; Research

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K877.45 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## كىرىش سۆز

قەدىمكى تۈرك (تۈرك - رۇنىك \ ئورخۇن - يېنسەي \ ئورخۇن - تۈرك) يېزىقىدىكى تاش پۈتۈكلەر بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى يازما ھۆججەتلىرىدۇر.

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تاش پۈتۈكلەر 17-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا بايقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ سىرى 1893-يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن يېشىلگەن. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تاش پۈتۈكلەرنىڭ مەزمۇنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەر بىلەنمۇ يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە فىنلاندىيە، ۋېنگىرىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىدىنمۇ بىرمۇنچە ئالىملار بۇ قەدىمىي تاش پۈتۈكلەردىن ئەجدادلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى تېپىشقا ئۇرۇنغاچقا، قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى يېشىپ ئوقۇلغاندىن باشلاپ دۇنيا مىقياسىدا بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان ۋە بېرىلماقتا.

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تاش پۈتۈكلەر دەسلەپتە يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدا بايقالغان بولۇشىغا قارىماي، 1889-يىلىدىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىنىڭ دىققەت - نەزەرى ھازىرقى موڭغۇلىيە زېمىنلىرىغا ئاغدۇرۇلدى. چۈنكى، شۇ يىلى ن. م. يادرىنسېۋ (N. M. YADRINTSEV) موڭغۇلىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئورخۇن دەرياسى

*بۇ ماقالە 2013-يىلى 11-ئاينىڭ 15-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئەركىن ئارىز (1964-يىلى 12-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ۋادىسىدىن ئىلىم دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان ئىككى چوڭ تاش پۈتۈك بايقىغانىدى. ئىككىنچى تۈرك قاغانلىقىنىڭ 4 ـ ھۆكۈمرانى بىلگە قاغان بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى كۆل تېكىننىڭ شەرىپىگە تىكلەنگەن بۇ ئىككى چوڭ تاش پۈتۈك مەزمۇن جەھەتتىن ھەجىملىك بولۇپلا قالماي، ھەر ئىككى تاشنىڭ غەرب يۈزىدە بىر پارچىدىن خەنزۇچە تېكىست بار ئىدى. 1897 ـ يىلىغا كەلگەندە موڭغۇلىيەنىڭ پايتەختى ئۇلانباتورنىڭ 60 كىلومېتىر شەرقىدىكى باين ـ چوكتو دېگەن يەردە ي. ن. كلېمېنتس (Y. N. KLEMENTS) تەرىپىدىن ئىككى تاشتىن تەركىب تاپقان يەنە بىر مۇھىم تاش پۈتۈك — تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى بايقالدى. بۇ ئەھمىيەتلىك بايقاشلار موڭغۇلىيە زېمىنلىرىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھازىرغىچە موڭغۇلىيە زېمىنلىرىدىن 130 غا يېقىن قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ھەرخىل تاش پۈتۈك بايقالدى. بۇنداق قېدىرىپ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنىڭ موڭغۇلىيە، جۇڭگو، رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ھازىرمۇ توختاپ قالمىغانلىقىنى ۋە يېڭى تاش پۈتۈكلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز بايقىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىش مۇمكىن. مەسىلەن، 2012 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېلىمىزنىڭ شىئەن شەھىرىدىن تەتقىقاتىمىزدىكى «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» بايقالدى. 2013 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى موڭغۇلىيەنىڭ پايتەختى ئۇلانباتورنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 400 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەلگەرخائان (Дэлгэрхаан) تېغىغا يېقىن يەردە ياپونىيەلىك كەسىپداشلار تەرىپىدىن ئۈچ مېتىر ۋە تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىككى چوڭ تاش پۈتۈك بايقالدى. مەزكۇر ئىككى تاش پۈتۈككە 2832 ھەرپ ـ بەلگىدىن تەركىب تاپقان 20 قۇر قەدىمكى تۈركچە تېكىست ئويۇلغان[1].

## 1. «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» نىڭ تېپىلىشى

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى تەتقىقات مەركىزى 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىئەندە بايقالغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بىر قەبرە تېشىنىڭ نۇسخىلانمىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇنى شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پىروفېسسورى خۇجى ئەپەندى ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ قەبرە تېشىنىڭ ئادەتتىكى قەبرە تاشلىرىغا ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، تاشتا خەنزۇچە تېكىستتىن باشقا يەنە بىر خىل تىل ـ يېزىقتا قىسقا بىر تېكىست بار ئىدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئالىم ـ پىروفېسسورلار قەبرە تېشى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تاشتىكى ئىككىنچى بىر خىل يېزىقنىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقى ئىكەنلىكى ۋە قەبرە تېشىنىڭ «قارىچور تېكىن» ئاتلىق بىر ئۇيغۇر شاھزادىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. مەزكۇر قەبرە تېشىنىڭ تارىخىي، ئىلمىي ۋە ئاسارئەتىقىلىق قىممىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، شىئەن بۈيۈك تاڭ غەربىي بازار مەدەنىيەت كەسپىگە مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش لىدېرى لۈ جيەنجۇڭ ئەپەندى قەبرە تېشىنى سېتىۋېلىپ، شىركەتكە قاراشلىق بۈيۈك تاڭ غەربىي بازار مۇزېيىدا ساقلاشنى قارار قىلىدۇ. ھازىر بۇ قەبرە تېشى بۇ مۇزېيدا ساقلانماقتا[2].

بۇنىڭدىن بۇرۇن، شەنشى ئۆلكىسىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت مىڭلارچە قەبرە تېشى تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن، تارىختا تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان شىئەن شەھىرىدە بۇنداق خەنزۇچە ـ قەدىمكى تۈركچە (ئۇيغۇرچە) قوش تىللىق قەبرە تېشىنىڭ بايقىلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. بۇ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمدارلىقىنىڭ ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ رەسمىي تىل ـ يېزىقىدىن يېقىندىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر قەبرە تېشىنىڭ بايقىلىشى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان تارىخچى ئالىملارنى خۇشال قىلىپلا قالماي، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تاش پۈتۈكلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تۈركولوگلارنىمۇ سۆيۈندۈردى.

«قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» رەسمىي

ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە ئەمەس، بەلكى كېيىن ئوغرىلىرى تەرىپىدىن تېپىلغاچقا، قەيەردىن قېزىۋېلىنغانلىقى نامەلۇم. شۇۋەجىدىن، «قارىچور تېكىن» ئاتلىق بۇ ئۇيغۇر شاھزادىسىنىڭ دەپنە قىلىنغان يېرى، يەنى قەبرىسىنىڭ نەدىلىكىمۇ ھازىرچە بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا. گەرچە بۇ ھەقتە قەبرە تېشىنىڭ خەنزۇچە قىسمىدا «چاڭئەن ناھىيەسى جاڭدۇيۈەنگە دەپنە قىلىندى» دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ «جاڭدۇيۈەن» دېگەن جاينىڭ ھازىرقى شىئەن شەھىرىنىڭ قەيېرىگە توغرا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردا ھېچقانداق مالۇمات ئۇچرىمايدۇ. بۇ قەبرە تېشىنى سېتىۋالغان بۈيۈك تاڭ غەربىي بازار مۇزېيىمۇ «شىئەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى دۇچېڭ ئەتراپىدىن، يەنى تاڭ دەۋرى چاڭئەن قەلئەسىنىڭ جەنۇبىدىكى مىڭدېمېنگە ئانچە يىراق بولمىغان يەردىن ئوغرىلىقچە قېزىۋېلىنغان» دېگەن تومتاق مەلۇماتتىن باشقا ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەن. لېكىن، بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان مەخسۇس تەتقىقات نەتىجىسىدە، بۇ قەبرە تېشىنىڭ ھازىرقى شىئەن شەھىرى ۋېيياڭ رايونى جيەن جەمەتى مەھەللىسى بىلەن خو جەمەتى مەھەللىسىنىڭ ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا[3].

## 2. «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» نىڭ تەتقىق قىلىنىشى

بۈيۈك تاڭ غەربىي بازار مۇزېيىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» نى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى تەتقىقات مەركىزى ئۈستىگە ئالدى. «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى»نىڭ تەتقىقاتى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى تەتقىقات مەركىزىگە قاراشلىق، مەشھۇر تارىخچى ۋۇ يۈگۈي ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى مائارىپ مىنىستىرلىقى ئادەمىيات ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر نۇقتىلىق تەتقىقات بازىسىنىڭ زور تەتقىقات تۈرى «تۈرك ـ ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر يېڭى بايقالغان خەنزۇچە، قەدىمكى تۈركچە تارىخىي ماتېرىياللار ئۈستىدە تەتقىقات» دائىرىسىدە قولغا ئېلىنغان بولۇپ، 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋە 9 ـ كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى تەتقىقات مەركىزى بىلەن بۈيۈك تاڭ غەربىي بازار مۇزېيىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىن مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئىككى قېتىم مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. كېيىن يىغىندا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەردىن يەتتە پارچىسى تاللىنىپ، «تابغاچ تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىنىڭ XIX جىلدىدا (423 – 497 ـ بەتلەر) «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى مەخسۇس تەتقىقات سەھىپىسى» دېگەن نام بىلەن 2013 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئېلان قىلىندى. قەلەمدىشىم ئەرخان ئايدىن بىلەن ئىككىمىز «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» نىڭ قەدىمكى تۈركچە تېكىستى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنى 2013 ـ يىلى 6 ـ ئايدىلا تاماملىغان ئىدۇق. لېكىن، مەزكۇر قەبرە تېشىنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن مەخسۇس بىر تەتقىقات تۈرى دائىرىسىدە قولغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋىرىمىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى ساقلىدۇق.

«قارىچور تېكىن قەبرە تېشى»نىڭ كەڭلىكى 38. 5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 39 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 5 سانتىمېتىر[4]. قەبرە تېشىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىغا 222 خەتتىن تەركىب تاپقان خەنزۇچە تېكىست ئويۇلغان بولۇپ، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىست بولسا تاشنىڭ سول تەرىپىگە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ توغرىسىغا سىغداپ دېگۈدەك قىسقا ـ قىسقا 17 قۇر قىلىپ ئويۇلغان. بۇ، قەدىمكى تۈركچە تېكىستنىڭ خەنزۇچە تېكىستتىن كېيىن ئويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى تۈركچە تېكىستنىڭ ئاستى تەرىپىگە يەنە ئۇيغۇر ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ تامغىسى ئويۇلغان بولۇپ، بۇ تامغا ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قاغانلىق مەڭگۈ تاشلىرىدىن بىرى بولغان شىنە ئۇسۇ (مويۇنچور) مەڭگۈ تېشىنىڭ شىمال يۈزىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىمۇ ئۇچرايدۇ. قەبرە تېشىنىڭ خەنزۇچە تېكىستى تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى پۈتۈكچىلىك ۋە كاتىبات ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ خاس ئەمەلدارى سۈي شۇ تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ نۇقتا

تاشنىڭ ئۆزىدە ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى قىسمى قارىچور تېكىننىڭ تاشتىكى خەنزۇچە ۋە قەدىمكى تۈركچە تېكىستلەردە ئوخشاش بولمىغان ئىسىملار بىلەن تىلغا ئېلىنغان (خەنزۇچە تېكىستتە: *apa čor > 阿波啜؛ قەدىمكى تۈركچە تېكىستتە: bögü bilgä täŋri qan) ئاكىسى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، قەبرە تېشىغا ئويدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن[5].

**1) «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى»نىڭ خەنزۇچە تېكىستى ۋە تەرجىمىسى**

«قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» دا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئۇچرايدىغان بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى تولۇقلاشتا پەۋقۇلئاددە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قەبرە تېشى بايقالغان ھامان مۇناسىۋەتلىك تارىخچى ئالىملارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. بىز ئوقۇرمەنلەرنى «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى»نىڭ مەزمۇنىدىن تولۇقراق خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن قەبرە تېشىنىڭ خەنزۇچە تېكىستى بىلەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى بېرىپ ئۆتىمىز.

«قارىچور تېكىن قەبرە تېشى»نىڭ خەنزۇچە تېكىستى تۆۋەندىكىچە:[6]

故回鶻葛啜王子守左領軍衛將軍/墓誌並序/給事朗守秘書省著作郎賜緋魚袋崔述撰/回鶻葛啜王子，則可汗之諸孫。/我國家討平逆臣祿山之亂也，王子父車毗尸/特勤實統戎左右，有功焉。故接待之優，寵賜之/厚，殊於他國。王子以去年五月來/朝，秩班禁衛，實籍鴻臚。方宜享茲榮耀，光於蕃/部，奈何不淑，以貞元十一年五月廿日遘疾雲/殂，享年二十。以其年六月七日葬于長安縣張/杜原。兄王子阿波啜與諸部之屬，銜哀奉喪。送/終之飾，則有/詔所司脩儀焉，禮無其闕。嗚呼，修短命也，死者/生之終。乃刻石墓誌雲：/蕃之王子兮，氣雄雄；生言始兮，/死言終；魂神異兮，丘墓同。

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى:

ئۇيغۇر شاھزادىسى، سول سەردارلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ سانغۇنى مەرھۇم قارىچور تېكىننىڭ قەبرە تېشى ۋە پۈتۈكىنى پۈتۈكچىلىك ۋە كاتىبات ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ خاس ئەمەلدارى سۈي شۇ پۈتكەن.

ئۇيغۇر [شاھزادىسى] قارىچور تېكىن ـ قاغاننىڭ نەۋرىسى. دۆلىتىمىز ئاسىي ئەمەلدار [ئەن] لۇشەن توپىلىڭىنى باستۇرغاندا، شاھزادىنىڭ دادىسى چاۋىش تېكىن باش سانغۇن [سۈيىتىدە قاغاننىڭ] يېنىدا خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، [قارىچور تېكىن] كۆتۈلۈش ۋە خانىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش جەھەتلەردە باشقا ئەللەردىن [كەلگەنلەرگە قارىغاندا] يۈكسەك ئورۇندا تۇراتتى. تېكىن ئۆتكەن يىلى (مىلادىيە 794 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا سۇلالىمىزگە كەلگەن، قورۇقچى [بەگ] مەنسىپىدە خۇڭلۇ مەھكىمىسىگە (زامانىسىدىكى تاشقى ئىشلار، مىللەتلەر ئىشلىرى ۋە كۈندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل دۆلەت ئورگىنى) تەۋە ئىدى. [ئۇنىڭ بۇنداق] شان ـ شەرىپىنى بەھرىمان بولۇشى بەرھەق بولۇپ، يات قوۋملارنىڭ شانۇ شۆھرىتىنى ئاشۇرغان ۋە لاياقەتلىك بىر ئەمەلدار بولغان. [ئۇ] جېنيۈەن 11 ـ يىلى (مىلادىيە 795 ـ يىلى) كېسەل سەۋەبىدىن 20 يېشىدا ۋاپات بولدى ۋە شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چاڭئەن ناھىيەسى جاڭدۇيۈەنگە دەپنە قىلىندى. [قارىچور تېكىننىڭ] ئاكىسى ئاپا چور تېكىن بىلەن قوۋمى قايغۇ ـ ھەسرەت ئىلكىدە دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى. [قارىچور تېكىننىڭ] ئاخىرەتلىك ئىشلىرى خانىمىزنىڭ ئەمرى بىلەن مەخسۇس ئورگىنىمىز تەرىپىدىن رەسمىيەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، [دەپنە] مۇراسىمدا ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىشتە ھېچقانداق يېتەرسىزلىك يوق. ئىسىت! مەرھۇمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالدى، رىسقى مۇشۇنچىلىك بولسا كېرەك. [مەرھۇم ئۈچۈن] ئۇشبۇ قەبرە تېشى [پۈتۈكى] پۈتۈلدى.

يات قوۋمنىڭ شاھزادىسى، قامىتى گويا پالۋان،
تۇغۇلغاندا باشلار، لېكىن ئۆلگەندە پۈتەر داستان.
بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ رەڭگىرويى كۆرمىڭ خىل،
ھاياتلىق مەنزىلىنىڭ ئاخىر-چېكى قەبرە ھامان.

**2) «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى»نىڭ قەدىمكى تۈركچە تېكىستى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار**

«قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بۈيۈك تاڭ غەربىي بازار مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئارقىلىق جامائەتچىلىككە رەسمىي ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇنلا، يەنى 2013 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قەبرە تېشىنىڭ خېلى سۈپەتلىك ئىككى پارچە رەسىمى سىنا تور بېتىگە چىقىرىپ قويۇلغان بولۇپ، بەزى تۈركولوگلار مۇشۇ رەسىملەر ئاساسىدىمۇ «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى»نىڭ قەدىمكى تۈركچە تېكىستىنى تەتقىق قىلغان. تۆۋەندە بىز بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

(1) قەبرە تېشىنىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىستى دەسلەپ فولكېر رىباتزكى (Volker RYBATZKI) بىلەن ۋۇ گوشېڭ تەرىپىدىن يېشىپ ئوقۇلغان بولۇپ، 2013 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى تەتقىقات مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان، كېيىن مەزكۇر تەتقىقات نەتىجىسى «شىئەندىن يېڭى تېپىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قارىچور تېكىن قەبرە تېشىنىڭ قەدىمكى تۈركچە قىسمى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ماۋزۇدا «تاۋغاچ تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىنىڭ XIX جىلد 425 — 442 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان[7].

(2) بۇ تېكىست ھەققىدىكى ئىككىنچى تەتقىقات سۈپىتىدە تۈركىيە يۇلتۇز تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى مەھمەت ئۆلمەزنىڭ (Mehmet ÖLMEZ) atï «جىيەن» سۆزى ھەققىدىكى «ئەرمەنىچە torun (نەۋرە) سۆزىنىڭ تۈركچىسى بارمۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى تىلغا ئېلىش لازىم. گەرچە بۇ ماقالە بىۋاستە «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى»نىڭ قەدىمكى تۈركچە تېكىستىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان بولمىسىمۇ، لېكىن، مەزكۇر تېكىستنىڭ 6 - ۋە 7 - قۇرلىرىدىكى qan totoq atïsï دېگەن سۆز بىرىكمىسىدىن يولغا چىقىپ، atï سۆزى تەتقىق قىلىنغان ۋە بۇ سۆزنىڭ «نەۋرە» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان[8].

(3) بۇ ھەقتىكى مۇھىم تەتقىقاتلاردىن بىرى تۈركىيە ئاتاتۈرك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى جەڭگىز ئالىيىلماز (Cengiz ALYILMAZ) تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە چىقىۋاتقان «خەلقئارالىق تۈركچە ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ژۇرنىلى»نىڭ 2013 - يىللىق ئىيۇن سانىدا «قارىچور تېكىن پۈتۈك تېشى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن ئېلان قىلىنغان[9]. كېيىن بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىستىنىڭ يەشمىسى» دېگەن ماۋزۇدا «تابغاچ تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىنىڭ XIX جىلدىدا ئېلان قىلىنغان[10].

(4) ئېلىمىزدىن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى جاڭ تيېشەن ئۆزىنىڭ «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» نىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىستى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى يۇقىرىقى ئالىملارغا ئوخشىمايدىغان بەزى شەرھلىرى بىلەن، دەسلەپ 2013 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 — 22 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «سۈي - تاڭ دەۋرلىرىدىكى شىنجاڭ» ناملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان ۋە كېيىن «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2013 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلغان[11].

(5) قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تاش پۈتۈكلەرنىڭ يېشىپ ئوقۇلۇشىنىڭ 120 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 2013 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 — 28 - كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ ئادىيامان شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «قەدىمكى تۈرك تاش پۈتۈكلىرى؛ تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ياپونىيەلىك توشىئو خاياشى (Toshio HAYASHI) ئەپەندىمۇ «شىئەندىن تېپىلغان بىر ئۇيغۇر شاھزادىسىگە ئائىت قەبرە تېشى پۈتۈكى» دېگەن تېمىدا دوكلات سۇنغان. لېكىن، توشىئو خاياشى ئەپەندىنىڭ بۇ تېكىست ھەققىدىكى ئىزاھلىرى جەڭگىز ئالىيىلمازنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان.

(6) مەھمەت ئۆلمەز «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» نىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىستى ھەققىدىكى تولۇق يەشمىسىنى ترانسكرىپسىيە، تۈركچە تەرجىمىلىرى

بىلەن، ئۆزىنىڭ «ئورخۇن ـ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى: تېكىست ـ تەرجىمە ـ سۆزلۈك» ناملىق كىتابىنىڭ تولۇقلانغان ئىككىنچى نەشرىگە كىرگۈزگەن[12].

## 3. بىزنىڭ ئوقۇشىمىز ۋە شەرھلىمىلىرىمىز

### 1) ئەسلىي تېكىست، ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمىسى

«قارىچور تېكىن قەبرە تېشى»نىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىستى قەبرە تېشىنىڭ سول تەرىپىگە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قىسقا ـ قىسقا 17 قۇر قىلىپ ئويۇلغاچقا، تېكىستنىڭ قۇر سانىنى ئېنىق كۆرستىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەسلىي تېكىست بىلەن ترانسكرىپسىيەسى جەدۋەلدە بېرىلدى، تېكىستنىڭ مەنە پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى ئايرىم بېرىلدى.

| قۇر | ئەسلىي تېكىست | ترانسكرىپسىيە |
|---|---|---|
| 1 | [illegible] | bo [är] miŋ- |
| 2 | [illegible] | tisi bitigi |
| 3 | [illegible] | yaɣlaqar qan |
| 4 | [illegible] | altï čawïš |
| 5 | [illegible] | tegin oɣlï |
| 6 | [illegible] | qan totoq |
| 7 | [illegible] | atïsï |
| 8 | [illegible] | bögü bil- |
| 9 | [illegible] | gä täŋri |
| 10 | [illegible] | qan inisi? |
| 11 | [illegible] | qarï? čor |
| 12 | [illegible] | tegin sïnï |
| 13 | [illegible] | yoɣï tawɣač |
| 14 | [illegible] | qan yoɣladdï (yoɣlatdï?) |
| 15 | [illegible] | laɣzïn yïl |
| 16 | [illegible] | altïnč ayqa |
| 17 | [illegible] | yeti yaŋïqa |

تەرجىمە: (1) بۇ، ئەر مىڭـ (2) تىسى بىتىگـ[ـدۇر]. (3) ياغلاقار خان (4) ئالتى چاۋۇش (5) تېكىنـ[ـنىڭ] ئوغلى، (6) خان تۇتۇقـ[ـنىڭ] (7) جىيەنى، (8) بۆگۈ بىلـ (9) ـگە تەڭرى (10) خانـ[ـنىڭ] ئىنىسى (11) قارىچور (12) تېكىنـ[ـنىڭ] قەبرىسى. (13) دەپنە مۇراسىمىنى تاۋغاچ (14) خان قىلدۇردى. (15) توڭگۇز يىلى (16) ئالتىنچى ئايـ[ـنىڭ] (17) يەتتىنچى كۈنى.

### 2) تېكىست ھەققىدىكى شەرھلىمىلەر

(1) مەزكۇر تېكىستنىڭ يېشىپ ئوقۇش ئەڭ تەس بولغان قىسمى ئۇنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ قۇرلىرىدۇر. تېكىستتىكى تۇنجى سۆزنىڭ bo «بۇ» ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرپىنىڭ ئاستى قىسمى ساقلىنىپ قېلىپ، ئۈستى قىسمى ئۆچۈپ كەتكەن. فولكېر رىباتزكى بىلەن ۋۇ گوشىڭ بۇ ھەرپنى ئوقۇماي تاشلاپ قويغان. جەنگىز ئالىلماز بۇ ھەرپنى $k^2$ دەپ پەرەز قىلىپ، كەينىدىكى m ۋە ŋ ھەرپلىرى بىلەن بىرلىكتە kimiŋ دەپ ئوقۇغان. 2 ـ

قۇرنىڭ بېشىدا $t^2Is^2I$ ھەرپلىرى بار بولۇپ، بۇ ھەرپلەرگە مۇۋاپىق بىر تۈركىيچە سۆز بولمىغانلىقتىن، جەنگىز ئالىيلماز بۇ قىسمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپىنى $r^2$ دەپ قىياس قىلغان ۋە 1 ـ قۇر بىلەن بىرلىكتە bu kimiŋ tisär دېگەن شەكىلدە ئوقۇغان. ۋاھالەنكى، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق r ھەرپى بۇ تېكىستنىڭ 9 ـ قۇرىدىكى täŋri سۆزىدە قوللىنىلغان بولۇپ، يېزىلىش شەكلى بۇ ھەرپكە ئانچە ئوخشىمايدۇ. جاڭ تىيشەن بىلەن توشىئو خاياشىلارمۇ بۇ قىسمىنى جەنگىز ئالىيلمازغا ئوخشاش bu kimiŋ tisär دەپ ئوقۇغان. مەھمەت ئۆلمەز بولسا، بۇ قىسمىنى ئوقۇماي، ھەرپ ترانسكرىپسىيەسىنى بېرىش بىلەن كۇپايىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا سول سەردارلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ سانغۇنى بولغان بىر شاھزادىنىڭ قەبرە تېشى پۈتۈكىنىڭ bu kimiŋ tisär دېگەندەك مەدداھلىق تېكىستلىرىگە خاس بىر ئۇسلۇب بىلەن باشلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس. 1 ـ قۇرنىڭ ئاخىرىدىكى mŋ ھەرپلىرىنىڭ mäŋü سۆزى بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن 2 ـ قۇرنىڭ بېشىدىكى $t^2Is^2I$ ھەرپلىرى بىلەن بىرلىكتە ئويلاشقاندا مەنتىقىگە ئۇيغۇن بىر مەنە چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ŋ ھەرپىدىن كېيىن بىر بوشلۇق بار بولۇپ، بۇ بوشلۇقتا ü ھەرپى كەڭتاشا سىغاتتى.

بىر پۈتۈن كونتېكستتىن قارىغاندا، 1 ـ قۇرنىڭ ئاخىرى بىلەن 2 ـ قۇرنىڭ بېشىغا «قەبرە تېشى» ياكى «قەبرە تېشى پۈتۈكى» دېگەندەك مەنىلەردە بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى كېلىشى كېرەك. لېكىن، قەدىمكى تۈرك تىلىدا بۇنداق قەبرە تېشى ياكى قەبرە تېشى پۈتۈكچىلىكى ئەنئەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس سۆز بولمىغانلىقتىن، خەنزۇچە بىر سۆز بولۇش ئېھتىماللىقىدىن يولغا چىقىپ، 1 ـ قۇرنىڭ ئاخىرىدىكى mŋ ھەرپلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە mieŋ تەلەپپۇزىدىكى[13] ۋە «تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئويۇلغان خەت» مەنىسىدىكى 铭 سۆزى[14] بولسا كېرەك، دېگەن پىكىرگە كەلدۇق. 2 ـ قۇرنىڭ بېشىدا ئېنىق قىلىپ $t^2Is^2I$ شەكلىدە يېزىلغان سۆزمۇ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا تۈركىيچە سۆزلەرگە

بەك ئوخشىمايتتى. دېمەك، مەزكۇر سۆزنىڭمۇ ئادەتتە 铭 خېتى بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلىدىغان خەنزۇچە بىر سۆزنىڭ قەدىمكى تۈركچە يېزىلىشى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ كونتېكستتا مەنە ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن 铭 سۆزىگە ئەڭ يېقىن سۆز 旌 دۇر. بۇ سۆز تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دەپ ts'i̯əm تەلەپپۇز قىلىنىپ[15]، «دەستىسىنىڭ ئۇچىغا قوتاز قۇيرۇقى ئېسىلغان ۋە رەڭلىك پەيلەر بىلەن بېزەلگەن تۇغ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن[16]. بۇ ئىككى خەتنىڭ بىرىكىشىدىن خەنزۇ دەپنە مەدەنىيىتىگە دائىر ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسىنى ئىپادىلەيدىغان 铭旌 سۆزى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا 明旌 شەكلىدىمۇ يېزىلىپ، «ئۆلۈكنى مازارغا ئېلىپ ماڭغاندا ئۆكەك (جەسەت ساندۇقى)نىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان تۇغ» دېگەن مەنىدە، بۇ تۇغقا ئۆلگۈچىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ دەرىجىسى، ئىسىم ـ فامىلىسى قاتارلىق مەلۇماتلار يېزىلغان بولىدۇ، بۇنى ئادەتتە ئاق سۆڭەكلەر ئىشلىتىدۇ[17]. خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادىدا مىڭجىڭ (铭旌) ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى ئۇ دۇنياغا باشلايدىغان ۋە ئەجدادلىرىنىڭ روھى بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان سىمۋوللۇق قورال رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، بىر كىشى ئۆلسە، ئالدى بىلەن تۇغقانلىرى ياكى يېقىنلىرىدىن ئوقۇمۇشلۇق بىر كىشى تەرىپىدىن ئۇنىڭ مىڭجىڭى يېزىلىدۇ، ئۆلۈكنى مازارغا ئېلىپ ماڭغاندا مىڭجىڭنى ئۆكەكنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ ۋە ئۆلۈك بىلەن بىرلىكتە كۆمۈلىدۇ، قەبرە تېشى پۈتۈكىمۇ ئادەتتە مىڭجىڭدىكى تېكىست ئاساسىدا تەييارلىنىدۇ. مەزكۇر ئەنئەنە خەنزۇلاردا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، مىلادىيە 300 ـ يىللاردىن باشلاپلا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن[18].

铭旌 سۆزىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەلەپپۇزى mieŋ tsi̯ɛŋ بولۇپ، ھەم فونېتىكا ھەم مەنە جەھەتتىن 1 ـ قۇرنىڭ ئاخىرىدىكى mŋ بىلەن 2- قۇرنىڭ بېشىدىكى $t^2Is^2I$ ھەرپلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مۇلاھىزىمىزدىكى mŋ بىلەن $t^2Is^2I$ قەدىمكى خەنزۇچە 铭旌 سۆزىنىڭ

قەدىمكى تۈركچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى كېرەك.

ئەگەر بۇ مۇلاھىزىمىز توغرا بولسا، بۇ تېكىستنىڭ 1 - قۇرى بىلەن 2 - قۇرنىڭ باش قىسمىنى bo ăr mingtisi دەپ ئوقۇش مۇمكىن. 1 - قۇرنىڭ ئاخىرىدىكى ming سۆزىدىن كېيىن بىر - ئىككى ھەرپ پاتقىدەك بوشلۇق بولسىمۇ، لېكىن، سۆزنىڭ tisi قىسمى بۆلۈنمەستىن 2 - قۇرنىڭ بېشىغا يېزىلغان. بۇنداق يېزىلىشى بەلكى خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرى ياكى قەدىمكى تۈرك تىلىغا يات بولغان بۇ مەدەنىيەت سۆزى چەشنىلمەي قالمىسۇن، دېگەن ئەندىشىدىن بولسا كېرەك.

mingtisi دېگەن بۇ سۆز ئەلۋەتتە قەدىمكى تۈركچە تېكىستلەردە ئۇچرىمايدۇ. يۇقىرىدا تەپسىلىي توختالغىنىمىزدەك، بۇ ئۇيغۇر تېكىنى ئۆلگەندە mingtisi يېزىلغان، بۇنىڭدىكى كىملىك مەلۇماتلىرى قەبرە تېشىغا ئويۇلغان ۋە كېيىن مېيىت بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن. قەبرە تېشىدىكى قەدىمكى تۈركچە تېكىستنىڭ ئۇنىڭدىكى خەنزۇچە تېكىستنىڭ بىۋاستە تەرجىمىسى ئەمەسلىكىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ mingtisi تېكىستىنىڭ تەرجىمىسى ياكى بىۋاستە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلىشى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

2 - قۇرنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزمۇ تەركىبىدىكى ئىككى ھەرپ ئۆچۈپ كەتكەچكە ئوقۇماق ناھايىتى تەس. فولكېر رىباتزكى بىلەن ۋۇ گوشېڭ بۇ سۆزنى ئوقۇماي ئۆتۈپ كەتكەن. جەنگىز ئالىلماز bäzgäk دەپ ئوقۇپ، «بەزگەك؛ مېتافورىلىك مەنىدە: تىترەتكۈچى، قورقۇتقۇچى، ھەيۋىلىك» دېگەن مەنىلەرنى بەرگەن. جاڭ تيېشەنمۇ bäzgäk دەپ ئوقۇپ، نورمال بەزگەك كېسىلى مەنىسىدە ئىزاھلىغان. ھەقىقەتەن قەبرە تېشىنىڭ خەنزۇچە تېكىستىدە قارىچور تېكىننىڭ كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن، لېكىن، قانداق كېسەل بىلەن ئۆلگەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان. جاڭ تيېشەن قەبرە تېشىدىكى قەدىمكى تۈركچە تېكىست خەنزۇچە تېكىستتىكى ئۇچۇرنى تولۇقلىغان، يەنى قارىچور تېكىن بەزگەك كېسىلىدىن ئۆلگەن، دەپ پەرەز قىلغان. مەھمەت ئۆلمەز بولسا، بۇ سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى b?gk? شەكلىدە بېرىپ، Bögük (؟) دەپ ئوقۇغان. مەزكۇر سۆزنىڭ 1 - ھەرپى $b^2$، 2 - ياكى 3 - ھەرپلەر ئۆچۈپ كەتكەن، ئاخىرقى ئىككىسى $g^2$ ۋە p ھەرپلىرىدۇر. ئەمما، جەنگىز ئالىلماز بىلەن جاڭ تيېشەن ئۆچۈپ كەتكەن 2 - ھەرپنى z دەپ قىياس قىلغان، ئاخىرقى ھەرپنى بولسا p ئەمەس، $k^2$ دەپ ئويلىغان، يەنى $b^2zgk^2$. جەنگىز ئالىلماز بىلەن جاڭ تيېشەنلەرنىڭ بۇ سۆزدىكى 2 - ھەرپنى • (z) قىياس قىلىشى نورمال، چۈنكى ھەرپنىڭ سول تەرىپى بىر قارىسا باردەك، بىر قارىسا يوقتەك كۆرۈنىدۇ.

جەنگىز ئالىلماز بىلەن جاڭ تيېشەن تەرىپىدىن bäzgäk دەپ ئوقۇلغان بۇ سۆز تارىخىي ۋە ھازىرقى زامان تۈرك تىللىرىدا بىر خىل كېسەللىكنىڭ نامى سۈپىتىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. گېرخارد دوئېرفېر بۇ سۆزنىڭ bäz-(i)g+äk > bēzgäk شەكلىدە تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە «قىزىپ سوغۇش، يەنى بەزگەك كېسەللىكى» دېگەن مەنىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن باشلاپ تۈرك تىلىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە قوللىنىلغانلىقىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرگەن[19]. ۋ. م. نادېلياېۋ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى»دە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دىۋانىدىن مىسال بېرىش بىلەن كۇپايىلەنگەن ۋە «قىزىپ سوۋۇش، بەزگەك قوزغىلىش؛ بەزگەك» دېگەن مەنىلىرىنى بەرگەن[20]. ئاخمەت جافەر ئوغلۇمۇ بۇ سۆزنى bäzgäk شەكلىدە بېرىپ، «ئىسسىق بەزگەك، بەزگەك» دەپ ئىزاھلىغان[21]. سىر گېرارد كىلائۇسون بۇ سۆزنىڭ bez- > bezge:k قۇرۇلمىسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى ۋە «بەزگەك» دېگەن مەنىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن باشلاپ ئۇچرايدىغانلىقىنى مىسال بىلەن كۆرسەتكەن[22]. مارسېل ئەردال gak - قوشۇمچىسى ھەققىدىكى بايانىدا bäzgäk سۆزىنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇ سۆزنىڭ bäz- پېئىلىدىن ياسالغانلىقىنى ۋە «زۇكامدىن قىزىش» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ[23]. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت بەزگەك كېسەللىكى دېگەن مەنىدە ئۇچرايدۇ[24]. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇ سۆز «بەزگەك پىلازمودىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، پاشا ئارقىلىق يۇقىدىغان، مەزگىل بويىچە تۇتىدىغان جىددى خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق

كېسەل؛ بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ[25].

مۇلاھىزىمىزدىكى bäzgäk سۆزى «بەزگەك كېسەللىكى» دېگەن تۈپ مەنىسىدىن باشقا، «تىترەتكۈچى، قورقۇتقۇچى، ھەيۋەتلىك» دېگەندەك مېتافورىك بىر مەنىدە تارىخىي ۋە ھازىرقى زامان تۈرك تىللىرىدا ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر بىزنىڭ 1- قۇر بىلەن 2 - قۇرنىڭ بېشىدىكى ھەرپلەرگىچە بولغان قىسمىنى bo är mingtisi bitigi دەپ ئوقۇشىمىز توغرا بولسا، بۇ يەرگە bitigi دېگەن بىر سۆز لازىم. چۈنكى بۇ يەردە گەپنىڭ تېمىسى قەبرە تېشى ياكى تۇغ ئەمەس، بەلكى، قەبرە تېشى پۈتۈكىدۇر. شۇڭا، بۇ يەرگە مەزمۇن جەھەتتىن ئەڭ مۇۋاپىق سۆز bitigi بولۇشى كېرەك. لېكىن، بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپ I ئەمەس، p. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا بۇ ئىككى ھەرپنىڭ پەرقى ئۈستى تەرىپىدىكى ئىلمەككە ئوخشاش سىزىقنىڭ I ھەرپىدە ئوڭ تەرەپتە i، p ھەرپىدە سول تەرەپتە p بولۇشى. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ بۇ سۆزنى bitigi دەپ ئوقۇشىمىز تېكىستنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىغا مۇۋاپىق كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەبرە تېشىغا بۇ تېكىستنى ئويغۇچىنىڭ بىر خاتاسى دەپ بىلىش كېرەك، يەنى نەققاش i (I) ھەرپىنىڭ ئورنىغا p (p) ھەرپىنى ئويۇپ قويغان. دېمەك، ئاخىرىدا بۇ قەبرە تېشىنىڭ 1 - قۇرى بىلەن 2 - قۇرىنى bo är mingtisi bitigi دەپ ئوقۇش مۇمكىن. بۇنىڭ مەنىسى «بۇ، ئەر مىڭتىسى پۈتۈكىدۇر» دېگەنلىك بولىدۇ.

(2) بۇ تېكىستتە چۈشەنمەك قىيىن بولغان يەنە بىر سۆز 4 - قۇرنىڭ ئاخىرىدىكى LTI ھەرپلىرىدۇر. بۇ سۆزنى بىر قاراپلا altı دەپ ئوقۇش مۇمكىن. ئەگەر 3 - قۇرنىڭ ئاخىرىدىكى qan سۆزى بىلەن بىرلىكتە ئويلاشقاندا qanlatı «خان قىلدى» دەپمۇ ئوقۇش مۇمكىن. لېكىن، بۇنداق ئوقۇغاندا تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا توغرا كەلمەيدۇ. فولكېر رىباتزكى بىلەن ۋۇ گوشېڭ سۆزنىڭ كەينىدە تەۋەللىك III شەخس قوشۇمچىسى ئۇنتۇلۇپ قالغان دەپ قىياس قىلىپ، atı[sı] ئوقۇغان. جەنگىز ئالىيلماز، جاڭ تىيېشەن ۋە مەھمەت ئۆلمەزلەر بولسا atı «ئىسمى» دەپ ئوقۇغان. مەھمەت ئۆلمەز بۇرۇن يەنە «ئەرمەنچە torun (نەۋرە) سۆزنىڭ تۈركچىسى بارمۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە، فولكېر رىباتزكى بىلەن ۋۇ گوشېڭغا ئوخشاش atı[sı] دەپ ئوقۇپ، atı نى «نەۋرە» دەپ ئىزاھلىغان ئىدى. بىزنىڭچە، بۇ سۆز altı بولۇپ، čawïš tegin نىڭ باشقا بىر خىل سۈپىتى ياكى ئۇنۋانى بولسا كېرەك. چۈنكى، سۆزنىڭ بېشىدىكى ھەرپنىڭ يېزىلىش شەكلى بۇ تېكىستتىكى A ھەرپلىرىنىڭ يېزىلىش شەكلىگە ئوخشاش ئەمەس، ئەكسىچە L ھەرپىگە بەكراق ئوخشايدۇ.

(3) بۇ تېكىستتىكى ئەڭ مۇھىم سۆزلەردىن بىرى 12 - قۇرنىڭ ئاخىرىدىكى sïn سۆزى بولۇپ، «قەبرە، مازار» دېگەن مەنىدە تۇنجى قېتىم مەزكۇر تېكىستتە ئالدىمىزغا چىقتى.

ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىگە ئائىت تارىئات (تەرخ) مەڭگۈ تېشىنىڭ جەنۇب يۈزى 5 - قۇرىدا •• • •• • •• ($s^2In^2l^2gdA$) شەكلىدە يېزىلغان بىر سۆز بار بولۇپ، بۇ سۆز س. گ. كىلياشتورنىي تەرىپىدىن asinligdä ئوقۇلۇپ، «ئېسەنلىكتە» دەپ ئىزاھلانغان[26]. تالات تەكىن تەرىپىدىن sinl[ä]gdä ئوقۇلۇپ، «ئەجداد مازارلىقىدا» دەپ ئىزاھلانغان[27]. ئاكىئو كاتايام تەرىپىدىن sin äligdä ئوقۇلۇپ، «سېنىڭ قولۇڭدا» دەپ ئىزاھلانغان[28]. ئارپاد بەرتا تەرىپىدىن sen äligdä ئوقۇلۇپ، «سېنىڭ قولۇڭدا» دەپ ئىزاھلانغان[29]. خاتىجە شىرىن ئۇسەر تەرىپىدىن $s^2In^2l^2g^2dä$ دەپ ئوقۇلۇپ، تەرجىمە قىلىنمىغان[30]. ئوسمان مەرت تەرىپىدىن s(i)nl(ä)gdä ئوقۇلۇپ، «ئاتىلىرىمىزنىڭ مازارلىرى سىزدە» دەپ ئىزاھلانغان[31]. مەھمەت ئۆلمەز تەرىپىدىن بولسا sinlägdä ئوقۇلۇپ، «مازارلىقتىن، ئاتىلاردىن؟» دەپ ئىزاھلانغان[32]. تالات تەكىن يەنە، قەدىمكى ئاناتولىيە تۈرك تىلىدىكى sinlä «مازارلىق» سۆزىنىمۇ تارىئات مەڭگۈ تېشىدىكى مۇشۇ سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قاراپ، بۇ سۆزنىڭ خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردە كۆپ ئۇچرايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ بۇ سۆزنىڭ ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق، يەنى sin شەكلىدە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن[33].

تارىئات مەڭگۈ تېشىدىكى •• • •• • ••

($s^2In^2$) • •• يىلتىزى سۆزىنىڭ دېگەن ($s^2In^2l^2gdA$) بولۇپ، تەركىبىدىكى ئۇزۇن تاۋۇش ھەرپلىرىگە ئاساسەن ئۇنى sin دەپ ئوقۇش تامامەن توغرا. ئەرخان ئايدىن مەزكۇر سۆزنى sinligdä دەپ ئوقۇغان. لېكىن، مەنىسىنى باشقىچە ئىزاھلىغان. تۆۋەندە بۇ سۆز كەلگەن جۈملە ۋە ئۇنىڭ يەشمىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:[34]

anta yawɣu atadï anta kesrä küsgü yïlïqa **sinligdä** küč qara bod[un är]miš sinsizdä küč qara suw ärmiš qara bodun turuyun qaɣan atadï.

. ئۇدۇل تەرجىمىسى: ئۇ يەردە ياۋغۇلۇققا تەيىنلىدى. ئاندىن كېيىن چاشقان يىلى (748) «سەنلىكتە (سەن بولساڭ) كۈچ ئاۋام خەلق ئىكەن، سەنسىزدە (سەن بولمىساڭ) كۈچ قارا سۇ ئىكەن» دەپ ئاۋام خەلق ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ [ئۇنى] قاغانلىققا تەيىنلىدى.

بۇ جۈملىدە تەگرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان، يەنى مويۇنچورنىڭ قاغان بولغان چاغدىكى خەلقنىڭ رايى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، پەقەت مويۇنچورنىڭلا خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇپ يېڭىلمەس كۈچكە ئايلاندۇرالايدىغانلىقى، مويۇنچوردىن باشقىسىنىڭ خەلقنى ئۇيۇشتۇرالمايدىغانلىقى ۋە كۈچىنىڭمۇ توختام سۇدەك جۇشقۇنسىز (ئاجىز) بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. كونتېكىستتىن قارىغاندىمۇ، •• • •• • •• ($s^2In^2l^2gdA$) شەكلىدە يېزىلغان بۇ سۆزنىڭ جۈملىدە «مازار، قەبرە» دېگەن مەنىدە ئەمەس، بەلكى، «سەنلىكتە، يەنى سەن بولساڭ» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى ئېنىق.

دېمەك، تارىئات (تەرخ) مەڭگۈ تېشى جەنۇب يۈزى 5 ـ قۇردىكى sin دېگەن سۆزنىڭ «مازار، قەبرە» مەنىسىدىكى sïn دېگەن سۆز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

مەھمۇد كاشغەريي دىۋانىدا «قەبرە، مازار» مەنىسىدىكى sïn سۆزى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇمات بېرىدۇ: «sïn سىن، بوي ـ تۇرۇق. ɣ bozluy sïnlïkïši (بويى ئۇزۇن كىشى) دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان. گۆرمۇ sïn دېيىلىدۇ. چۈنكى گۆرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەمنىڭ بويى بىلەن تەڭ بولىدۇ». بۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد كاشغەريي يەنە بىر sïn سۆزىنى ماددا بېشىدا بېرىپ، مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «sïn گۆر. qatun sïnï قاتۇن سىنى»[35] . كىلائۇسونمۇ مەھمۇد كاشغەرىيگە ئوخشاش مەزكۇر سۆزنى ئىككى ماددىدا بېرىپ، «sïn I: ئادەم بەدىنى، يەنى بوي ـ تۇرۇق؛ sïn II: قەبرە، گۆر» دەپ ئىزاھلىغان. كىلائۇسون يەنە «قەبرە، گۆر» مەنىسىدىكى sïn سۆزىنىڭ خەنزۇچە 寝 سۆزىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى قەيت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخىي ۋە ھازىرقى زامان تۈرك تىللىرىدا sïnla:ɣ دېگەندەك شەكىللەردىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرگەن. بولۇپمۇ، ئوسمانلى تۈرك تىلىدا بۇ سۆزنىڭ sin ۋە sinlä شەكىللىرىدە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن[36].

قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا 寝 سۆزى : tsʻi̯əm دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ[37]، ھەم ئىسىم ھەم پېئىل سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. ئىسىم بولۇپ كەلگەندە «پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ ياتاق ئۆيى؛ كۆچمە مەنىدە: پادىشاھ ئەجدادلىرى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئارقا سارىيى، يەنى ئەجدادلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى قويۇلىدىغان ساراي؛ خان ـ پادىشاھلار مەقبەرىسىدىكى باش ساراي، يەنى پادىشاھنىڭ ئۆلۈكى قويۇلغان ئۆي» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ[38]. تەتقىقاتىمىزدىكى بۇ قەبرىمۇ (قەبرە تېشى) تاڭ سۇلالىسى ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قاغانلىق جەمەتى ــ ياغلاقار خان ئەۋلادىدىن بولغان بىر تېكىن، يەنى شاھزادىنىڭ قەبرىسى (sïnï) ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قەبرە، مازار، گۆر» مەنىسىدىكى sïn سۆزىنىڭ ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ئەمەس، بەلكى، ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بىر سۆز ئىكەنلىكى بۇ قەبرە تېشى پۈتۈكى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بولدى.

(4) بۇ تېكىستنىڭ 14 ـ قۇرىدا -yoɣ پېئىلىنىڭ ۋاسىتىسىز بايان رايىدىكى ئاددى ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى بولۇپ، فولكېر رىباتزكى بىلەن ۋۇ گوشېڭ، جەنگىز ئالىلماز، جاڭ تېيشەنلەر پېئىلنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى بويىچە yoɣladı دەپ ئوقۇغان. مەھمەت ئۆلمەز بولسا، پېئىلنىڭ مەجبۇرى دەرىجە شەكلى بويىچە yogladdı دەپ ئوقۇغان. بىزنىڭچە بولغاندىمۇ

پېئىلنىڭ بۇ خەۋەر شەكلىنى مەجبۇرى دەرىجە بويىچە yoγlatdı ياكى yoγladdı دەپ ئوقۇش كېرەك. ئەگەر پېئىلنىڭ ئەسلىي دەرىجىسى بويىچە yoγladı دەپ ئوقۇغاندا، دەپىنە مۇراسىمىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئۆزى ئۆتكۈزگەندەك مەنە چىقىپ قالىدۇ. قەبرە تېشىنىڭ خەنزۇچە تېكىستىدىنمۇ ناھايىتى ئېنىقكى، پادىشاھ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا دەپىنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ پېئىلنى yoγladı دەپ ئەمەس، (~yoglatdı) yogladdı دەپ ئوقۇش توغرا. بۇ يەردە بەلكى $t^1$ ھەرپى ئۈنتۈلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ياكى بولمىسا d ھەرپىنى شاۋقۇنلۇق ئوقۇش كېرەك. ئارقا - ئارقىدىن تەكرارلىنىپ كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇشنى يېزىقتا تاق ھەرپ بىلەن ئىپادىلەش قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تاش پۈتۈكلەردە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال.

## 4. «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» نىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

«قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» ئېلىمىزنىڭ شىئەن شەھىرىدىن بايقالغان خەنزۇچە - قەدىمكى تۈركچە (ئۇيغۇرچە) قوش تىللىق تۇنجى قەبرە تېشى بولۇپ، مەيلى تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن بولسۇن ياكى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تاش پۈتۈكلەر تەتقىقاتى ئۈچۈن بولسۇن، ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ نۇقتا تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) قەبرە تېشىنىڭ خەنزۇچە ۋە قەدىمكى تۈركچە قىسىملىرىدا ئۇيغۇر ياغلاقار خان ئەۋلادىدىن بولغان قارىچور تېكىننىڭ شەجەرىسىگە دائىر كونكرېت مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخچىلىقىدا ئەزەلدىن مۇجمەل بولۇپ تۇرۇۋاتقان ياغلاقار خانلار سۇلالىسى تەتقىقاتىنى ناھايىتى قىممەتلىك يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەنزۇچە ۋە قەدىمكى تۈركچە تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى بەلگىلىك دەرىجىدە تولۇقلايدۇ[39].

(2) گوبى چۆلىدىكى يايلاق ئىمپېرىيەلىرى ئىچىدە ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەممىدىن زىچ بولغان. بۇنداق مۇناسىۋەت ئاز كەم 100 يىل داۋام قىلغان ۋە ناھايىتى نازۇك جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ قەبرە تېشىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەنزۇچە قىسمىدا مۇشۇنداق مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قىممەتلىك مەزمۇنلار بار. مەسىلەن: تاڭ سۇلالىسى ئەن لۇشەن توپىلىڭىنى باستۇرغاندا، قارىچور تېكىننىڭ دادىسى چاۋىش تېكىن باش سانغۇنلۇقتا قاغاننىڭ يېنىدا خىزمەت كۆرسەتكەن؛ قارىچور تېكىن تاڭ سۇلالىسى خانىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش جەھەتتە باشقا ئەللەردىن كەلگەنلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە يۇكسەك ئورۇندا تۇرغان؛ قارىچور تېكىن تاڭ ئوردىسىدا سول سەردارلار ياساۋۇلخانىسىنىڭ سانغۇنلۇق ئەمىلىنى تۇتقان؛ قارىچور تېكىن ئۆلگەندە خاننىڭ ئەمرى بىلەن مەخسۇس دەپىنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ۋە باشقىلار. بولۇپمۇ قارىچور تېكىننىڭ قەبرە تېشى پۈتۈكى (خەنزۇچىسى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ زامانىسىدىكى پۈتۈكچىلىك ۋە كاتىبات ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ خاس ئەمەلدارى سۇي شۇ تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ قارىچور تېكىن ۋە جەمەتىنىڭ تاڭ سۇلالىسىدا ناھايىتى يۇكسەك ئابرۇيغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە دۆلەت دەرىجىلىك ئىززەت - ئىكرامدىن بەھرىمەن بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، تاڭ سۇلالىسىدا پۈتۈكچىلىك ۋە كاتىبات ئىشلىرى مەھكىمىسى خان ئوردىسىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك مەدھىيە ۋە ئاخىرەتلىك پۈتۈكلىرىنى تەييارلايدىغان مەخسۇس ئورگان. بۇ ئورگاندىكى خاس ئەمەلدار ئادەتتە خاننىڭ ئەمرى بىلەن پادىشاھ جەمەتى ۋە ۋەزىرلەرنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈكلىرىنى يازىدىغان مەخسۇس ئەمەلداردۇر[40].

(3) ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى تارىخىدا 7 - قاغان قۇتلۇغ ياغلاقار خان جەمەتىدىن ئەمەس بولۇپ، مىلادىيە 794 - يىلىدىن 805 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. قۇتلۇق تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خانلىق تەختىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالىپ قۇتلۇغ بىلگە قاغاندىن (مىلادىيە 779 – 789 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن) بۇرۇنقى ياغلاقار خان ئەۋلادلىرىنى

تاڭ سۇلالىسى پايتەختىگە تۇرغاق بەگلىكىگە ئەۋەتىلگەن. بۇ ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ھادىسە. بۇ قەبرە تېشىنىڭ ئىگىسى قارىچور تېكىننىڭ شۇ قاتاردا تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن شاھزادىلەردىن بىرى. قەبرە تېشىدا قارىچور تېكىننىڭ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغان كەلگەن ئېنىق ۋاقتى (مىلادىيە 794 ـ يىلى) خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ[41].

(4) «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى» ھازىرغىچە بايقالغان قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تۇنجى قەبرە تېشى پۈتۈكىدۇر. قەبرە تېشىنىڭ قەدىمكى تۈركچە قىسمىدا قەدىمكى ئۇيغۇر مازار مەدەنىيىتىگە دائىر يېڭى سۆزلەر بولۇپلا قالماي، باشقا تاش پۈتۈكلەردە كۆرۈلمىگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا خاس بەزى سۆزلەر ئۇچرايدۇ. شۇڭا، مەزكۇر قەبرە تېشى قەدىمكى تۈرك تاش پۈتۈكچىلىكى تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك بىر ماتېرىيالدۇر.

## ئىزاھلار


[1] مەھمەت ئۆلمەز: «موڭغۇلىيەدىن يېڭى ئابىدىلەر»، قاراڭ: HTTP://WWW. TDK. ORG. TR/

[2] لو شىن: «بۈيۈك تاڭ غەربىي بازار مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان خەنزۇچە ـ قەدىمكى تۈركچە ئۇيغۇر قارىچور تېكىن قەبرە تېشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»، لۇ جيەنجۇڭ، خۇ جىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «بۈيۈك تاڭ غەربىي بازار مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەبرە تاشلىرى ئۈستىدە تەتقىقات – داۋامى» 1 ـ قىسىم، شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى باش نەشرىياتى چەكلىك شىركىتى، 2013 ـ يىل نەشرى، 1 ـ بەت.

[3] خۇ خۇڭ: «ئۇيغۇر شاھزادىسى قارى تېكىننىڭ دەپنە قىلىنغان يېرى ـ جاڭدۇيۈەن ھەققىدە ئىزدىنىش»، رۇڭ شىنجياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە: «تابغاچ تەتقىقاتى» XIX جىلد، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 487 – 497 ـ بەتلەر.

[4] فولكېر رىباتزكى، ۋۇ گوشېڭ: «شىئەندىن يېڭى تېپىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قارىچور تېكىن قەبرە تېشىنىڭ قەدىمكى تۈركچە تېكىستى ئۈستىدە تەتقىقات»، رۇڭ شىنجياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە: «تابغاچ تەتقىقاتى» XIX جىلد، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 426 ـ بەت.

[5] لو شىن: «قارىچور تېكىننىڭ شەجەرىسى»، رۇڭ شىنجياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە: «تابغاچ تەتقىقاتى» XIX جىلد، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 454 ـ بەت.

[6] «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى»نىڭ تېنىش بەلگىلىك خەنزۇچە تېكىستى «تابغاچ تەتقىقاتى» XIX جىلد، 447 ـ بېتىدىن ئېلىندى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى.

[7] فولكېر رىباتزكى، ۋۇ گوشېڭ: «شىئەندىن يېڭى تېپىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قارىچور تېكىن قەبرە تېشىنىڭ قەدىمكى تۈركچە تېكىستى ئۈستىدە تەتقىقات»، رۇڭ شىنجياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە: «تابغاچ تەتقىقاتى» XIX جىلد، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 425 – 442 ـ بەتلەر.

[8] مەھمەت ئۆلمەز: « ئەرمەنىچە TORUN (نەۋرە) سۆزىنىڭ تۈركچىسى بارمۇ؟»، قاراڭ: «قەدىمىي تارىخ» ژۇرنىلى، 2013 ـ يىلى 15 ـ سانى، 88 – 89 ـ بەتلەر.

[9] جەنگىز ئالىيلماز: «قارىچور تېكىن پۈتۈك تېشى»، خەلقئارالىق تۈركچە ئەدەبىيات ـ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ژۇرنىلى، 2013 ـ يىلى II جىلد 2 ـ سانى، 1 – 61 ـ بەتلەر.

[10] جەنگىز ئالىيلماز: «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىستىنىڭ يېشىپ ئوقۇلۇشى»، رۇڭ شىنجياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە: «تابغاچ تەتقىقاتى» XIX جىلد، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 443 – 446 ـ بەتلەر.

[11] جاڭ تيېشەن: «قارىچور تېكىن قەبرە تېشىنىڭ قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى تېكىستى ئۈستىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 2013 ـ يىلى 4 ـ سانى، 74 – 80 ـ بەتلەر.

[12] مەھمەت ئۆلمەز: «ئورخۇن ـ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى: تېكىست ـ تەرجىمە ـ سۆزلۈك»، بىلگەسۇ نەشرىياتى، ئەنقەرە 2013 ـ يىلى تولۇقلانغان ئىككىنچى نەشرى، 322 – 325 ـ بەتلەر.

[13] بېرنخارد كارلگرېن: «قەدىمكى خەنزۇ تىلى قامۇسى»، تەرجىمە قىلغۇچىلار: پەن ۋۇيۈن، ياڭ جيەنچياۋ، چېن جۇڭيى، جاڭ خۇڭمىڭ؛ شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 367 ـ بەت.

[14] «قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى»، سودا ئىشلىرى (شاڭۇۋ) نەشرىياتى، بېيجىڭ 2000 - يىلى نەشرى، 1077 - بەت.

[15] بېرنخارد كارلگرېن: «قەدىمكى خەنزۇ تىلى قامۇسى» ، تەرجىمە قىلغۇچىلار: پەن ۋۇيۈن، ياڭ جيەنچياۋ، چېن جۇڭيې; جاڭ خۇڭمىڭ؛ شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى، 359 - بەت.

[16] «قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى»، سودا ئىشلىرى (شاڭۇۋ) نەشرىياتى، بېيجىڭ 2000 - يىلى نەشرى، 812 - بەت.

[17] «قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى»، سودا ئىشلىرى (شاڭۇۋ) نەشرىياتى، بېيجىڭ 2000 - يىلى نەشرى، 1077 - بەت.

[18] لى فۇدې: «مىڭجىڭدىكى رەسىم ۋە پۈتۈك»، «ئاسارئەتىقە ۋە مۇزېيشۇناسلىق» ژۇرنىلى، 2008 - يىلى 4 - سانى، 12 - 25 - بەتلەر.

[19] گېرخارد دوئېرفېر: «يېڭى پارس تىلىدىكى تۈركچە ۋە موڭغۇلچە ئېلېمېنتلار»، II توم، فىرانز ستېيىنېر نەشرىياتى، ۋىئېسبادېن 1965 - يىلى نەشرى، 825 - بەت.

[20] ۋ. م. نادېلىيەيېۋ قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى»، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، لېنىنگراد 1969 - يىلى نەشرى، 97 - بەت.

[21] ئاخمەت جافەر ئوغلۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، تۈرك تىلى جەمئىيىتى نەشرىياتى، ئەنقەرە 2011 - يىلى 2 - نەشرى، 40- بەت.

[22] سىر گېرارد كىلائۇسون: «ئون ئۈچىنچى ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك لۇغىتى»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1972 - يىلى نەشرى، 391 - بەت.

[23] مارسېل ئەردال: «قەدىمكى تۈرك تىلىدا سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى»، خارراسسوۋىتز نەشرىياتى، ۋىئېسبادېن 1991 - يىلى نەشرى، 394 - بەت.

[24] ئابابەكرى ئابدۇرېشىت: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى تېبابەت تېكىستلىرىنىڭ فىلولوگىيەلىك تەتقىقاتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلۇق دېسسېرتاتسىيەسى، 2013 - يىلى، 299 - بەت.

[25] ھەمدۇللا ئابدۇراخمان ئىمام، پەرھات نۇر، ئەسقەر ئابدۇقادىر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 2 - نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2011 - يىلى نەشرى، 132 - بەت.

[26] س. گ. كىلياشتورنىي: «تېرخىن مەڭگۈتېشى — دىسلەپكى تەتقىقات»، رۇسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ئىلچان شەھىدى؛ خەنزۇچە نۇسخا ئاساسىدا ئۇيغۇرچىغا تەھرىر بۆلۈمى تەرجىمە قىلغان، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1982 - يىلى 3 - سانى، 120 - بەت.

[27] تالات تەكىن: «شىمالىي موڭغۇلىيەدىن يېڭى بايقالغان بىر ئۇيغۇر تاش پۈتۈكى: تارىئات (تېرخىن) مەڭگۈ تېشى»، «تۈرك تارىخ جەمئىيىتىنىڭ مەجمۇئەسى — بەللەتەن»، 1983 - يىلى LXVI جىلدى، 805 -، 809 - بەتلەر.

[28] ئاكىئو كاتاياما: «تارىئات مەڭگۈ تېشى»، تاكائو مورىياسۇ، ئايۇدەي ئوچىر باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «1996 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە موڭغۇلىيەدىكى تارىخىي ئىزلار ۋە تاش پۈتۈكلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدىن دوكلاد»، ئوتتۇرا ياۋروئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى، ئوساكا 1999 - يىلى نەشرى، 169-، 171 - بەتلەر.

[29] ئارپاد بەرتا: «سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار — تۈرك ۋە ئۇيغۇر رۇنىك مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىلىق نەشرى»، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: ئەمىنە يىلماز، تۈرك تىلى جەمئىيىتى نەشرىياتى، ئەنقەرە 2010 - يىلى نەشرى، 253 - بەت.

[30] خاتىجە شىرىن ئۇسەر: «كۆكتۈرك ۋە ئۆتۈكەن ئۇيغۇر قاغانلىقى مەڭگۈ تاشلىرى؛ لېكسىكىلىق تەتقىقات»، كۆمەن نەشرىياتى، كونيا 2009 - يىلى نەشرى، 479 - بەت.

[31] ئوسمان مەرت: «ئۆتۈكەن ئۇيغۇر دەۋرى مەڭگۈ تاشلىرىدىن تەس، تارىئات، شىنە ئۇس»، بەلەن نەشرىياتى، ئەنقەرە 2009 - يىلى نەشرى، 169 -، 174 - بەتلەر.

[32] مەھمەت ئۆلمەز: «ئورخۇن - ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى: تېكىست - تەرجىمە - سۆزلۈك»، بىلگەسۇ نەشرىياتى، ئەنقەرە 2013 - يىلى تولۇقلانغان ئىككىنچى نەشرى، 227 -، 281 - بەتلەر.

[33] تالات تەكىن: «شىمالىي موڭغۇلىيەدىن يېڭى بايقالغان بىر ئۇيغۇر تاش پۈتۈكى: تارىئات (تېرخىن) مەڭگۈ تېشى»، «تۈرك تارىخ جەمئىيىتىنىڭ مەجمۇئەسى — بەللەتەن»، 1983 - يىلى LXVI جىلدى، 815 - بەت.

[34] ئەرخان ئايدىن: «ئۇيغۇر قاغانلىقى مەڭگۈ تاشلىرى»، كۆمەن نەشرىياتى، كونيا، 2011 - يىلى نەشرى، 47 — 48 - بەتلەر.

[35] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈچىنچى توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1984 - يىلى نەشرى، 189 - بەت.

[36] سىر گېرارد كىلائۇسون: «ئون ئۈچىنچى ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك لۇغىتى»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 1972 - يىلى نەشرى، 832 - بەت.

[37] بېرنخارد كارلگرېن: «قەدىمكى خەنزۇ تىلى قامۇسى»، تەرجىمە قىلغۇچىلار: پەن ۋۇيۈن، ياڭ جيەنچياۋ، چېن جۇڭپي، جاڭ خۇڭمىڭ؛ شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى، 289 - بەت.

[38] «قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى»، سودا ئىشلىرى (شاڭۋۇ) نەشرىياتى، بېيجىڭ 2000 - يىلى نەشرى، 1250 - بەت.

[39] لو شىن: «قارىچور تېكىننىڭ شەجەرىسى»، رۇڭ شىنجياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە: «تابغاچ تەتقىقاتى» XIX جىلد، بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2013 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 447 – 454 - بەتلەر.

[40] جۇ يۈچى: «قارىچور تېكىن قەبرە تېشى پۈتۈكىنىڭ پۈتكۈچىسى سۈي شۇ ئۈستىدە تەتقىقات»، رۇڭ شىنجياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە: «تابغاچ تەتقىقاتى» XIX جىلد، بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2013 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 477 – 486 - بەتلەر.

[41] ۋۇ يۈگۈي: «ئالپ قۇتلۇغ بىلگە قاغاندىن بۇرۇنقى ياغلاقار خان ئەۋلادلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە كېلىش مەسىلىسى ھەققىدە تەتقىقات»، رۇڭ شىنجياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە: «تابغاچ تەتقىقاتى» XIX جىلد، بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2013 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 461 – 476 - بەتلەر.

## پايدىلانمىلار

1. 巴克力·阿卜杜热西提著：《古代维吾尔语医学文献的语文学研究》，中央民族大学博士学位论文，2013 年 。
2. 高本汉著，潘悟云、杨剑桥、陈重业、张洪明译：《汉文典》，上海：上海辞书出版社。1997 年。
《古代汉语词典》编写组编：《古代汉语词典》，北京：商务印书馆，2000 年。
3. 胡鸿：回鹘葛啜王子葬地张杜原考，荣新江主编：《唐研究》第十九卷，487-497 页，北京：北京大学出版社，2013 年。
4. 李夫德：铭旌的图像与文字，《文博》， 2008 年第 4 期，12-25 页。
5. 罗新：大唐西市博物馆藏汉文鲁尼文双语回鹘王子葛啜墓志简介，吕建中、胡戟 主编：《大唐西市博物馆藏墓志研究续一》（上），1-4 页，西安：陕西师范大学出版总社有限公司，2013 年。
6. 罗新：葛啜的世家，荣新江主编：《唐研究》第十九卷，447-454 页，北京：北京大学出版社，2013 年。
7. 荣新江主编：《唐研究》第十九卷，北京：北京大学出版社，2013 年。
8. 芮跋辞、吴国圣：西安新发现唐代葛啜王子古突厥鲁尼文墓志之解读研究，荣新江主编：《唐研究》第十九卷，425-442 页，北京：北京大学出版社，2013 年。
9. 王小甫：则可汗与车毗尸特勤，荣新江主编：《唐研究》第十九卷，455-460 页，北京：北京大学出版社，2013 年。
10. 吴玉贵：回鹘"天親可汗以上子孙"入唐考，荣新江主编：《唐研究》第十九卷，461-476 页，北京：北京大学出版社，2013 年。
11. 张铁山：故回鹘葛啜王子之突厥如尼文考释，《西域研究》，2013 年第 4 期，74-80 页。
12. 周正清、周运堂主编：《土耳其语汉语词典》，北京：商务印书馆，2008 年。
13. 朱玉麒：《葛啜墓志》作者崔述考略，荣新江主编：《唐研究》第十九卷，477-486 页，北京：北京大学出版社，2013 年。
14. «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن: «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، 2008 - يىلى 3 - نەشرى، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
15. مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈچىنچى توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1984 - يىلى نەشرى.
16. ھەمدۇللا ئابدۇراخمان ئىمام، پەرھات نۇر، ئەسقەر ئابدۇقادىر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 2011 – يىلى، 2- نەشرى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

17. ALYILMAZ, CENGİZ (2013). "KARI ÇOR TİGİN YAZITI". ULUSLARARASI TÜRKÇE EDEBİYAT KÜLTÜR EĞİTİM DERGİSİ 2/2: 1-61.

18. AYDIN, ERHAN (2011). UYGUR KAĞANLIĞI YAZITLARI. KONYA: KÖMEN YAY.

19. BERTA, ÁRPÁD (2010). SÖZLERİMİ İYİ DİNLEYİN. . . TÜRK VE UYGUR RUNİK YAZITLARININ KARŞILAŞTIRMALI YAYINI, ÇEV. EMİNE YILMAZ, ANKARA: TÜRK DİL KURUMU YAYINLARI.

20. CAFEROĞLU, AHMET (2011). ESKİ UYGUR TÜRKÇESİ SÖZLÜĞÜ. ANKARA: TÜRK DİL KURUMU YAYINLARI.

21. CLAUSON, SİR GERARD (1972). AN ETYMOLOGİCAL DİCTİONARY OF PRE–THİRTEENTH–CENTURY TURKİSH. OXFORD: OXFORD UNİVERSİTY PRESS.

22. DOERFER, GERHARD 1965. TÜRKİSCHE UND MONGOLİSCHE ELEMENTE İM NEUPERSİSCHEN. BAND II. WİESBADEN: FRANZ STEİNER VERLAG.

23. ERDAL, MARCEL (1991). OLD TURKİC WORD FORMATİON. A FUNCTİONAL APPROACH TO THE LEXİCON I–II, WİESBADEN: HARRASSOWİTZ VERLAG.

24. HAYASHİ, TOSHİO (2013). "ŞI'AN'DA BULUNAN BİR UYGUR ŞEHZADESİNE AİT MEZAR KİTABELERİ". MİLLETLERARASI ESKİ TÜRK YAZITLARI: DİL, TARİH VE KÜLTÜR SEMPOZYUMU, 25-28 EYLÜL 2013 ADIYAMAN / TÜRKİYE. (YAYIMLANMAMIŞ BİLDİRİ).

25. KATAYAMA, AKİO (1999). "TARİAT İNSCRİPTİON". TAKAO MORİYASU - AYUDAİ OCHİR (EDD. ): PROVİSİONAL REPORT OF RESEARCHES ON HİSTORİCAL SİTES AND İNSCRİPTİONS İN MONGOLİA FROM 1996 TO 1998. OSAKA: THE SOCİETY OF CENTRAL EURASİAN STUDİES, 168-176.

26. KLYAŞTORNIY, S. G. (1982). "THE TERKHİN İNSCRİPTİON". ACTA ORİENTALİA ACADEMİAE SCİENTİARUM HUNGARİCAE 36/1–3: 335-366.

27. LUO XİN (2013). "KARI ÇOR TİGİN YAZITININ ÇİNCESİ VE KARI ÇOR TİGİN'İN ŞECERESİ". ULUSLARARASI TÜRKÇE EDEBİYAT KÜLTÜR EĞİTİM DERGİSİ 2/2: 62-78.

28. MERT, OSMAN (2009). ÖTÜKEN UYGUR DÖNEMİ YAZITLARINDAN TES, TARİAT, ŞİNE US. ANKARA: BELEN YAY.

29. NADELYAYEV, V. M. VE D. M. NASİLOV VE E. R. TENİŞEV VE A. M. ŞÇERBAK (1969). DREVNETYURKSKİY SLOVAR'. LENİNGRAD: AKADEMİYA NAUK SSSR.

30. ÖLMEZ, MEHMET (2013A). "MOĞOLİSTAN'DAN YENİ YAZITLAR", HTTP://WWW. TDK. ORG. TR/—— (2013B). "ERMENİCE 'TORUN'UN TÜRKÇESİ VAR MIYDI?" DERİN TARİH 15: 88-89 —— (2013C). ORHON-UYGUR HANLIĞI DÖNEMİ MOĞOLİSTAN'DAKİ ESKİ TÜRK YAZITLARI (YENİLENMİŞ İKİNCİ BASKI). ANKARA: BİLGESU.

ŞİRİN USER, HATİCE (2009). KÖKTÜRK VE ÖTÜKEN UYGUR KAĞANLIĞI YAZITLARI, SÖZ VARLIĞI İNCELEMESİ. KONYA: KÖMEN YAY.

31. TEKİN, TALAT (1983). "KUZEY MOĞOLİSTAN'DA YENİ BİR UYGUR ANITI: TARYAT (TERHİN) KİTABESİ". BELLETEN LXVI/184: 795-838.—— (1994). "NOTES ON OLD TURKİC WORD FORMATİON". CENTRAL ASİATİC JOURNAL 38: 244-281.—— (1997). "NOTES ON SOME CHİNESE LOANWORDS İN OLD TURKİC". TÜRK DİLLERİ ARAŞTIRMALARI 7: 165-173.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.35, Iss.2 (Total:138) Jun 2014

## Contents

A Comparative Study on Epistemology between Yusuf Khass Hajib and Francis Bacon............ *Tursuntohti Atawulla*(1)

A Discussion on Turkic Laws and Regulations............ *Arkin Tohti*(8)

A Research on Urbanization of North Xinjiang ............ *Mayira Abliz*(19)

A Study on the Formation Process of Modern Tatar............ *Kamil Kurmayuf*(27)

A Survey on Teachers of Ideological and Political Theory Course of Ethnic Minorities in Xinjiang ............ *Gulisatan Yasin, Abliz Sawut*(35)

A Discussion on Uyghur Scholar — Yusuf Khass Hajib's Management Thought............ *Yasinjan Abdigul, Zhu Xinwu*(44)

A Discussion on Uyghur's Ecological Civilization ............ *Ablimit Muhammad*(50)

A Research on Ancient Bilingual Epigraph — "Karichortigin Epigraph"............ *Arkin Ariz, Arhan Aydin*(65)

A Discussion on the Value of Apocynum Venetum............ *Akram Samat*(80)

A Discussion on Feminist Literary Criticism and Its Developing Process............ *Ahmed Saydulla*(86)

A Discussion on Secret Weapons from "Adventure in Kroran"............ *Bulbul Akram*(94)

A Discussion on the Form of Classic Uyghur Poem and Its Influence to Bilingual Poet Abdukerim Hoja............ *Heyrigul Yakup*(106)

A Discussion on Metre of Ahmed Ziyayi' Poem............ *Arafat Hasan Musabayuf*(111)

A Discussion on the Thought of "There is no God but Allah" in Mashrab Poems............ *Nurimangul Omar*(118)

A Study on Unique Style of Title in Uyghur Novel............ *Patigul Ghopor, Mukkaram Abdukader*(122)

A Suggestion on the Necessity of Teaching Library Regulation to New Students............ *Guljannat Omar*(129)

A Discussion on How to Attract Readers to the Free Libraries............ *Munnawar Kurban*(136)

# 新疆大学学报

Journal of Xinjiang University

哲学社会科学维吾尔文版

季刊（1980年创刊）

第35卷 第二期 2014年6月1日出版

主管・主办：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）

主　　编：阿布里克木・亚森

编辑出版：新疆大学学报编辑部

印　　刷：乌鲁木齐光大印刷厂

邮政编码：830046

电　　话：0991-8582927

电子邮箱：xju13@xju.edu.cn

国内发行：全国各地邮政局

国外发行：中国国际图书贸易总公司（北京399信箱）

国际标准刊号：ISSN 1005-5878

国内统一刊号：CN65-1034/G4-W

国内代号：58-13

国外代号：5798（QR）

定　　价：6.00元

ISSN 1005-5878

07>

9 771005 587001

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال (1980-يىلى چىقىشقا باشلىغان)

2014-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى (35-يىللىق 2-سان)

باشقۇرغۇچى، مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830046 تېلېفون: 0991-8582927

ئېلخەت ئادرېسى: xju13@xju.edu.cn

باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما مەركىزى

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ

(بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005-5878

مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65-1034/G4-W

خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)

مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58-13

باھاسى : 6 يۈەن